# قاتناش راۋانلاشتى سەپەر تېزلەشتى

(بېشى 1-بەتتە)

بۈگۈنكى كۈندە، شىنجاڭنىڭ تۆمۈريول تىجارەت ترانسپورت مۇساپىسى 6568 كىلومېتىرغا يەتتى، 2021-يىلغا بارغاندا 9126 كىلومېتىرغا يەتكۈزۈش پىلانلاندى، تۆمۈريول لىنىيەسى شىنجاڭنىڭ تېخىمۇ كۆپ رايونلىرىنى قاپلاپ، ئاممىنىڭ سەپەرگە چىقىشى، ساياھەتچىلەرنىڭ ساياھەت قىلىشى تېخىمۇ قولايلىشىدۇ.

ئايروپىلانلار كەينى-كەينىدىن ئۇچتى ۋە قوندى، ئاۋىياتسىيە لىنىيەلىرى بىر-بىرىگە گىرەلەشتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تارماق لىنىيە ئايرودرومى قۇرۇلۇشىنى تىرەك، «يېڭى تېخنىكا، يېڭى مۇلازىمەت»نى كۈچەش نۇقتىسى قىلغان شىنجاڭ پۇقرالار ئاۋىياتسىيەسى «شىنجاڭ ئىچىدە تورلاشقان، شەرق بىلەن غەربكە يەلپۈگۈچسىمان يېيىلغان» ئاۋىياتسىيە لىنىيەسى ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق تېزلەتتى، تېز، قولاي بولغان «بوشلۇق ئاممىۋى قاتنىشى» تېز شەكىللەنمەكتە.

### ■ ئىستېرېئولۇق قاتناش تورى ساياھەتكە چىقىش تەننەرخىنى تېخىمۇ تۆۋەنلەتتى

شىنجاڭنىڭ دائىرىسى كەڭ، مەنزىرە نۇقتىلىرى تارقاق، ساياھەتچىلەرنىڭ ۋاقىت تەننەرخى بىرقەدەر يۇقىرى بولۇپ، قاتناش «تېز ئىلگىرىلەش» سىستېمىسىنى بەرپا قىلغاندا سەپەر ۋاقتىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەتكىلى بولىدۇ.

قاتناش «تېز ئىلگىرىلەش» سىستېمىسى تېز سۈرئەتلىك تۆمۈريول، پۇقرالار ئاۋىياتسىيەسى، يۇقىرى سۈرئەتلىك يول قاتارلىقلارغا تايىنىپ، تېز سۈرئەتلىك قاتناش تورىنى بەرپا قىلىپ، ساياھەتنىڭ راۋانلىقى ۋە قولايلىقلىقىنى ئۆستۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ.

جۇڭگو تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى يولۇچى توشۇش بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: شىنجاڭ تۆمۈريولى سۈرئەتنى يولۇچىلارنىڭ سەپەرگە چىقىش تەسىراتىنى ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى قىلىپ، ئادەتتىكى سۈرئەتلىك پويىزنى تېز سۈرئەتلىك تۆمۈر يولدا يۈرۈشكە تەشكىللەش، يولۇچىلارنىڭ پويىزغا چىقىش-چۈشۈش تەرتىپىنى ئەلالاشتۇرۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، سەپەر ۋاقتىنى زور دەرىجىدە قىسقارتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پويىز گەۋدىسىنى ئالماشتۇرۇپ يېڭىلاشنى تېزلىتىپ، ئۈرۈمچىدىن كورلا، غۇلجا، بورتالا قاتارلىق يۆنىلىشلەرگە سائەتلىك سۈرئىتى 160 كىلومېتىرلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى مەركەزلەشكەن ئۇقپويىز گۇرۇپپىسىنى قاتنىتىپ، شىنجاڭ تۆمۈريولىنى «گۈللىنىش ناملىق پويىز» دەۋرىگە كىرگۈزدى.

«بۇلۇت ئۈستىدىكى ئاممىۋى قاتناش» شىنجاڭ شەھەرلىرى ئارىسىدىكى زامان، ماكان ئارىلىقىنى زور دەرىجىدە قىسقارتتى. ھازىر، شىنجاڭ ئايرودرومى گۇرۇھىنىڭ ئايروپىلان ئۇچۇۋاتقان ئاۋىياتسىيە لىنىيەسى 264تىن ئېشىپ، 16 دۆلەت، 20 خەلقئارالىق شەھەر، بىر رايون شەھىرى، دۆلىتىمىز ئىچىدىكى 81 شەھەر بىلەن ئۈرۈمچى ئارىلىقىدا ئايروپىلان قاتنىدى، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن، كورلا قاتارلىق 11 تارماق لىنىيە ئايرودرومىدىن ئاپتونوم رايونىمىز سىرتىدىكى 20 شەھەرگە بىۋاستە ئايروپىلان ئۇچىدىغان بولدى، تارماق لىنىيە ئايرودروملىرىدا ئۈرۈمچىدە توختىماي شىنجاڭ سىرتىغا بىۋاستە ئۇچىدىغان ئاۋىياتسىيە لىنىيەسىدىن 55ى، تارماق لىنىيە ئايرودروملىرى ئارا ئۇچىدىغان ئاۋىياتسىيە لىنىيەسىدىن 50ى ئېچىلدى.

تېز، قولاي بولغان بوشلۇق قاتنىشى تورى، يولۇچىلارنىڭ ئەتىگەندە گۇاڭجۇدا ناشتا قىلىپ، كەچتە ئالتايدا قار مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىش ئارزۇسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇردى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش-ترانسپورت نازارىتى يەنە تاشيول يولۇچى ترانسپورتى كارخانىلىرىنىڭ مۇقىم لىنىيەلىك ساياھەت يولۇچى ترانسپورت لىنىيەسىنى كېڭەيتىشكە ئۈزلۈكسىز ئىلھام ۋە مەدەت بېرىپ، ساياھەت يولۇچى ترانسپورتى بىلەن ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك جىپسىلىشىشىنى قوللاپ، خاسلىققا ئىگە، يۇقىرى سۈپەتلىك ساياھەت ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدىغان زاكازلاشقان ساياھەت يولۇچى ترانسپورت مۇلازىمىتى مەھسۇلاتلىرىنى ئاچتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تۆمۈريول، پۇقرالار ئاۋىياتسىيەسى بىلەن ئۆزئارا جىپسىلاشقان ساياھەت يولۇچى توشۇش-تارقاقلاشتۇرۇش تورىنى ھەر تەرەپلىمە بەرپا قىلىپ، تىجارەت سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن تاشيول ترانسپورت كارخانىلىرىنى ئايرودروم، ۋوگزال(تېز سۈرئەتلىك تۆمۈريول) بىلەن شەھەرلەر ئارا، مەنزىرە رايونلىرى ئارا بىۋاستە تۇتاشقان تېز لىنىيە ئېچىشقا ئىلھاملاندۇردى.

### ■ قاتناش بىلەن ساياھەتنىڭ يۇغۇرۇلۇشى ساياھەتكە چىقىشتىكى تاللاشنى تېخىمۇ كۆپ خىللاشتۇردى

بۇ يىل، ئاپتونوم رايوندىكى قاتناش تارماقلىرى تەخمىنەن 120 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، مايتاغ-كۇچا تاشيول لىنىيەسىدىكى يول يۈزىگە سۇ يىغىلىپ قېلىش، بۇزۇلۇپ يېرىلىش، قىسمەن يول بۆلەكلىرىگە يانتۇلۇقتىن تاش چۈشۈش قاتارلىق خەتەرلىك ئەھۋاللارنى بىر تەرەپ قىلدى، مەنزىرە كۆرۈش ئاپتوموبىل توختىتىش رايونىدىن 33نى، ئاپتوموبىل توختىتىش ئورنىدىن 1500دىن كۆپرەكنى يېڭىدىن كۆپەيتتى، مۇھىت ئاسرايدىغان ئاممىۋى ھاجەتخانىدىن 19نى، ئەخلەت تۆكۈش نۇقتىسىدىن 81نى يېڭىدىن كۆپەيتتى.

«ئون چاقىرىمدا ئوخشاش بولمىغان ھاۋارايىنى، بىر كۈندە تۆت پەسىلنى كۆرگىلى بولىدىغان» مايتاغ-كۇچا تاشيولى بۇ يىل يازدا شىنجاڭدا ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ساياھەت قىلىشقا كەلگەن شاڭخەيلىك ساياھەتچى شياۋ شىلۇدا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى.

شىنجاڭ تۆمۈريول تارماقلىرى قولاي، تېز، راھەت بولۇشنى پرىنسىپ قىلىپ، پويىزنىڭ قاتناش ۋاقتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ساياھەت مەخسۇس پويىزى قاتناتتى — يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، «شىمالىي شىنجاڭنى ئايلىنىپ ساياھەت قىلىش» «جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىنى كۆرۈش» قاتارلىق ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنى ئارقا-ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، «ساياھەت مەنزىرە رايونلىرىنى چوڭ دائىرىدە تۇتاشتۇرۇش، ساياھەتچىلەر سەپەرگە چىققاندا چوڭ ئاممىۋى قاتناشنى تاللاش، ساياھەت پويىزىنىڭ چوڭ ئايلىنىشى»دىن ئىبارەت «تۆمۈريول + ساياھەت» يۇغۇرما تەرەققىيات ئەندىزىسىنى زور كۈچ بىلەن بەرپا قىلدى.

گۇاڭدۇڭدىن كەلگەن ساياھەتچى جاڭ گوفېڭ پويىزغا ئولتۇرۇپ شىنجاڭدا ساياھەت قىلىشنى تاللىدى. 10-ئاينىڭ 29-كۈنىدىن 11-ئاينىڭ 5-كۈنىگىچە، شىنجاڭ تۆمۈريولىدا بۇ يىل قاتنىغان 18-قېتىملىق «جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىنى كۆرۈش» ساياھەت مەخسۇس پويىزى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 200گە يېقىن ساياھەتچىنى ئېلىپ ماڭدى، ساياھەتچىلەر سەككىز كۈنلۈك مۇساپىدە كورلا، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىكى كۆپلىگەن مەنزىرە نۇقتىسىنى ساياھەت قىلدى، ساياھەتچىلەر بىر قېتىملىق جەنۇبىي شىنجاڭ ئۆرپ-ئادەت مەنزىرە ساياھىتىدىن مېھرىنى ئۈزەلمەي قالدى.

«جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كەچ كۈز مەنزىرىسىنىڭ بۇنداق گۈزەل ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ باقماپتىمەن. پويىزغا ئولتۇرۇپ شىنجاڭدا ساياھەت قىلغاندا ھەققەتەنمۇ ئارتۇقچە غەمدىن خالاس بولىدىكەنمىز، ناھايىتى راھەت ئىكەن» دېدى جاڭ گوفېڭ.

شىنجاڭ تۆمۈريول ساياھەت تەرەققىيات گۇرۇھىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى خۇاڭ تىڭفېي مۇنداق دېدى: نۆۋەتتە، شىنجاڭ تۆمۈريول تارماقلىرى قىشلىق ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى، پويىزغا ئولتۇرۇپ ئالتايغا بېرىپ قار مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغىلى، قار تېيىلغىلى بولىدۇ، بۇ، دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى ساياھەتچىلەرگە شىنجاڭ قار-مۇزلىرىنىڭ سېھرىي كۈچىنى ھېس قىلدۇردى.

---

(بېشى 1-بەتتە)

ئۇنى دۆلەت ئىستراتېگىيەسىگە كۆتۈرۈشنى قوللاپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى كۈچەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، زامانىۋى ئىقتىساد سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، تېخىمۇ يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسىدىكى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە تېخىمۇ يۇقىرى قاتلامدىكى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشى، بېيجىڭ-تيەنجىن-خېبېينىڭ ماس تەرەققىياتى، چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتى، گۇاڭدۇڭ-شياڭگاڭ-ئاۋمېن چوڭ قولتۇق رايونى قۇرۇلۇشى بىلەن ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇپ، جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشىنىڭ بوشلۇق ئورۇنلاشتۇرۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. چاڭجياڭ دېلتىسى رايونىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، چاڭجياڭ دېلتىسى رايونىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى ۋە رىقابەت ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادنىڭ جۇغلىنىش دەرىجىسى، رايونلارنىڭ تۇتىششچانلىقى ۋە سىياسەتنىڭ ماسلىشىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش دۆلىتىمىزنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا يېتەكچىلىك قىلىش، زامانىۋى ئىقتىساد سىستېمىسى قۇرۇشتا مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ يىرىك پىلان تېزىسى — چاڭجياڭ دېلتىسى رايونىنى ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى پروگراممىلىق خاراكتېرلىك ھۆججەت، مۇناسىۋەتلىك يىرىك پىلان ۋە سىياسەتلەرنى بېكىتىشتىكى ئاساس بولۇپ، «تەرەققىيات ئارقا كۆرۈنۈشى، ئومۇمىي تەلەپ، رايونلار ماس تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش، كەسىپ سىستېمىسى قۇرۇلۇشىدا ھەمكارلىشىپ يېڭىلىق يارىتىشنى كۈچەيتىش، ئۇل ئەسلىھەلەرنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئورتاق ئاسراپ بىرلىكتە تۈزەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، ئاممىۋى مۇلازىمەتنى قولايلاشتۇرۇش، ھەمبەھىرلىنىشنى تېزلىتىش، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ھەمكارلىشىپ ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىش، بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈزۈلمە-مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىش، چاڭجياڭ دېلتىسىنى ئېكولوگىيەلىك يېشىل بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونىنى يۇقىرى سەۋىيەدە قۇرۇش، شاڭخەي ئەركىن سودا تەجرىبە رايونىنىڭ يېڭى بۆلەك رايونىنى يۇقىرى ئۆلچەمدە قۇرۇش، يىرىك پىلاننىڭ يولغا قويۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش»تىن ئىبارەت 12 بابقا بۆلۈنگەن. پىلانلاش مۇددىتى 2025-يىلغىچە بولۇپ، 2035-يىلغىچە نەزەر سېلىنغان.

چاڭجياڭ دېلتىسى رايونىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش يىرىك پىلانىنىڭ دائىرىسى شاڭخەي شەھىرى، جياڭسۇ ئۆلكىسى، جېجياڭ ئۆلكىسى، ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ پۈتۈن رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چاڭجياڭ دېلتىسى رايونى دۆلىتىمىزدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئەڭ جانلانغان، ئېچىۋېتىش دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى ئەڭ كۈچلۈك رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ، دۆلەتنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى چوڭ ۋەزىيىتى ۋە ھەر تەرەپلىمە ئېچىۋېتىش ئەندىزىسىدە ھەل قىلغۇچ ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنغا ئىگە.

---

# بايىنغولىن ئوبلاستىدا پۇل مۇئامىلە ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشتى

(بېشى 1-بەتتە)

دۆلەتنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ئاز سومملۇق كىرېدىت سىياسىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، پەرقىنى تېپىپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تەكشۈرۈپ، پۇل مۇئامىلە ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدە ساقلانغان ياردەم بېرىش-يۆلەش سالمىقى كۈچلۈك بولماسلىق، سىياسەتنىڭ دەللىك دەرىجىسى يۇقىرى بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەكشۈردى، كۆزەتتى. تەكشۈرۈلۈپ، تەتبىقلىنىپ تېپىپ چىقىلغان مەسىلىلەرگە قارىتا، جۇڭگو خەلق بانكىسى بايىنغولىن ئوبلاستى مەركىزىي تارماق بانكىسى پۇل مۇئامىلە ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشكە ھەيدەكچىلىك-يېتەكچىلىك قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، پۇل مۇئامىلە ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ پۇل مۇئامىلە ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشتە يېڭى نەتىجە-ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى.

قىسمەن پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ئاز سومملۇق كىرېدىت قەرز پۇلى تارقاتقاندا سۇغۇرتىنى قوشۇپ سېتىش مەسىلىسىگە قارىتا جۇڭگو خەلق بانكىسى بايىنغولىن ئوبلاستى مەركىزىي تارماق بانكىسى «نامراتلارنى يۆلەش ئاز سومملۇق كىرېدىت قەرز پۇلىغا سۇغۇرتا سېتىۋېلىشنى توختىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى بېسىپ تارقىتىپ، تەۋەلىكىدىكى قەرز پۇل تارقىتىشنى ئۈستىگە ئالغان پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى نامراتلارنى يۆلەش ئاز سومملۇق كىرېدىت قەرز پۇلىغا سۇغۇرتىنى قوشۇپ سېتىش مەسىلىسى بويىچە ئۆزىنى تەكشۈرۈش ۋە تۈزىتىشكە تەشكىللەپ، مەسىلە ساقلانغان پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى ۋاقتىدا چاقىرتىپ سۆزلەشتى. بۈگۈنكى كۈندە، مەسىلىگە چېتىشلىق پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ئومۇمىيۈزلۈك تۈزىتىشنى تاماملىدى، يېڭىدىن تارقىتىلغان نامراتلارنى يۆلەش ئاز سومملۇق كىرېدىت قەرز پۇلىغا سۇغۇرتا قوشۇپ سېتىش مەسىلىسى كۆرۈلمىدى.

پۇل مۇئامىلە ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنىڭ دەللىك دەرىجىسىنى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، بايىنغولىن ئوبلاستى خەلق بانكىسى باشلامچى بولغان، يەرلىك ھۆكۈمەت مەسئۇل بولغان، بېجىرگۈچى بانكىلار بېجىرىدىغان نامراتلارنى يۆلەش ئاز سومملۇق كىرېدىت قەرز پۇلى سىياسىتى ھەمكارلىق مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ تەرەققىيات مەبلىغى كەمچىل بولۇشتەك قىيىن مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىپ، نامرات ئائىلىلەرگە دەل جايىدا ياردەم بېرىش-يۆلەشنىڭ يېڭى يولىنى ئىزدىنىپ تېپىپ چىقتى. دائىرە بويىچە ھۆددىگە ئېلىش، كەنت بويىچە ئالغا سىلجىتىش ئارقىلىق، قەرز ئېلىش شەرتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان نامرات ئائىلىلەرگە قارىتا «قەرز بېرىشكە بولىدىغانلىرىغا تولۇق قەرز بېرىش»نى ئىشقا ئاشۇردى. بۇ يىل 10-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن ئوبلاستتا «ئىككىنى كەچۈرۈم قىلىش» بويىچە جەمئىي 8768 ئائىلىگە 333 مىليون 750 مىڭ يۈەن نامراتلارنى يۆلەش ئاز سومملۇق قەرز پۇلى تارقىتىلدى، تەكشۈرۈپ بېكىتىشتىن ئۆتكەن نامرات ئائىلىلەرنىڭ قەرز پۇل ئېلىش نىسبىتى 100%كە، ياردەم ئۆسۈم نىسبىتى 100%كە يەتتى.

«پۇل مۇئامىلە ئارقىلىق نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەشتە، تەدبىر قوللىنىپ ئۆزلىرىنىڭ ‹قان ئىشلەش› ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ.» جۇڭگو خەلق بانكىسى بايىنغولىن ئوبلاستى مەركىزىي تارماق بانكىسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، بانكا باشلىقى لى چىڭ مۇنداق دېدى: ھازىر قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان باش تېما تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، تارماق بانكا ھەرقايسى قەرز پۇل تارقىتىشنى ئۈستىگە ئالغان پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى تەشكىللەپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ قەرز قەرەلى توشۇشتىن بۇرۇن كۆپ قېتىم نەق مەيداندا زىيارەت قىلىپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتى، زىرائەت ھوسۇلى ھەم مەبلەغ ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، سۇبيېكتىپ ئامىللاردىن باشقا سەۋەب بىلەن قەرز پۇلنى ۋاقتىدا قايتۇرۇش قىيىن بولغان نامرات ئائىلىلەرگە قارىتا، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىن نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، داۋاملىق قەرز بېرىش، مۇددىتىنى ئۇزارتىش مۇلازىمىتىنى ۋاقتىدا قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

لى چىڭ مۇنداق بىلدۈردى: كېيىنكى قەدەمدە، جۇڭگو خەلق بانكىسى بايىنغولىن ئوبلاستى مەركىزىي تارماق بانكىسى قەرز پۇل بەرگەندىن كېيىنكى خەۋپ-خەتەرنى نازارەت قىلىپ ئۆلچەشنى كۈچەيتىپ، نامراتلارنى يۆلەش قەرز پۇلىنى ھەرىكەتچان نازارەت قىلىش-باشقۇرۇشنى چىڭ تۇتۇپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەرنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ئاز سومملۇق كىرېدىت قەرز پۇلى مەبلىغىنى ئىشلىتىش ئەھۋالىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈپ، نامراتلارنى يۆلەش قەرز پۇلىنىڭ سۈپىتى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئاي بويىچە نازارەت قىلىپ، ئىستاتىستىكا قىلىپ، تەھلىل قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك مالىيە، نامراتلارنى يۆلەش قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بولغان ماسلىشىش، ئالاقىلىشىشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، پۇل مۇئامىلە ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى سىجىل، ئۈنۈملۈك ئالغا سىلجىتىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ.

---

# نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە بىز چوقۇم غەلىبە قىلىمىز

(بېشى 1-بەتتە)

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى مەسئۇلىيەتنى كۆڭلىگە پۈكسىلا، زىممىسىگە ئالسىلا، نامراتلىقتىن ئىبارەت بۇ چوڭ تاغنى يۆتكەشتىن ئەنسىرەش قىلىشنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟

ئىشەنچ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ غايەت زور ئەۋزەللىكىدىن كەلگەن. «كۆپنىڭ كۈچىنى مۇجەسسەملىگەندىلا، ھەممە ئىشتا غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ.» كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى قىلىش ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتىكى ئەڭگۈشتەرىمىز، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ غايەت زور ئەۋزەللىكى. شىنجاڭغا ياردەم بېرىپ نامراتلارنى يۆلەش، نۇقتىنى بەلگىلەپ ياردەم بېرىش-يۆلەش، رايون ئىچىدە ھەمكارلىشىپ نامراتلارنى يۆلەش، جەمئىيەت نامراتلارنى يۆلەشتىن ئىبارەت «تۆت بىر گەۋدە» قىلىنغان زور كۆلەملىك نامراتلارنى يۆلەش ئەندىزىسىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا شەكىللەنگەنلىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئەۋزەللىكىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى. ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، بۇ يىل 8-ئايغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدا 1232 پۇقراۋى كارخانا «مىڭ كارخانا مىڭ كەنتكە ياردەم بېرىش» بويىچە نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ، جەمئىي 1278 نامرات كەنتكە ياردەم بەرگەن، يۆلىگەن، 270 مىڭدىن ئارتۇق نامرات ئامما نەپكە ئېرىشكەن. بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىلا، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش مەبلىغىدىن نامراتلارنى يۆلەشكە سەرپ قىلىنغىنى 12 مىليارد 268 مىليون يۈەنگە يەتكەن، نامراتلارنى يۆلەش تۈردىن 970ى يولغا قويۇلغان. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش يولىدا، مۇناسىۋەتسىز ئورۇن، مۇناسىۋەتسىز ئادەم يوق، ھەممە ئادەمنىڭ بۇنىڭغا قاتنىشىشىغا، ھەممە ئادەمنىڭ كۈچىنى تەقدىم قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ. ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە كۈچىنى مۇجەسسەملىسەك، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە چوقۇم غەلىبە قىلالايمىز.

ئىشەنچ ھەر مىللەت ئاممىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان بوشاشماي ئىنتىلىشىدىن كەلگەن. خەلق تارىخنى ياراتقۇچى، ھەقىقىي قەھرىمان. ئۇزاقتىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ھەر مىللەت ئاممىغا سەممىي غەمخورلۇق قىلىشى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنى تولۇپ تاشقان مىننەتدارلىققا ئىگە قىلدى، چوڭقۇر ئىلھاملاندۇردى، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى گۈزەل تۇرمۇشقا ئىنتىلىش يولىدا باتۇرلارچە ئالغا ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈردى. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا، بىز ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئەمگەكچان ئىككى قولىغا تايىنىپ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ئىرادىسىنىڭ ئىنتايىن مۇستەھكەم ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق. ياكى ئىلمىي تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق تېخنىكىسىنى تىرىشىپ ئۆگىنىش، ياكى ئاكتىپلىق بىلەن «تور ئارقىلىق» سېتىش بازىرىنى ئېچىش، ياكى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئېتىزدىن چىقىپ ئاۋام ئىگىلىك تىكلەيدىغان، ئاۋام يېڭىلىق يارىتىدىغان دەۋر ئېقىمىغا سىڭىشىش... ھەر مىللەت ئاممىسى ئىنتىلىپ كۈرەش قىلىپ، توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش بىلەن بىللە، يەنە تارىخنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولىدىغان ئاكتىپ كۈچكە ئايلاندى.

قەتئىي ئىشەنچ بولغاندىلا، بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىدىغان جاسارەت بولىدۇ. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى كۆرۈش بىلەن بىللە، بىز يەنە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنىڭ يەنىلا ناھايىتى مۈشكۈل ئىكەنلىكىنى، قېپقالغانلارنىڭ نامراتنىڭ نامرىتى، قىيىننىڭ قىيىنى ئىكەنلىكىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك. «چىققىلى بولمايدىغان ئېگىز تاغ، مېڭىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان ئۇزۇن يول يوق.» شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ يېتەكلىشىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىدىغان قەتئىي ئىشەنچى ۋە كۆتۈرەڭگۈ روھىي قىياپىتى بىلەن، چوقۇم بارلىق قىيىنچىلىق، خەۋپ-خەتەر، توسالغۇلارنى يېڭىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىن ئىبارەت تارىخىي ئۇلۇغ ئىشتا قالتىس شىنجاڭ سەھىپىسىنى پۈتۈپ چىقالايدۇ.